# سۈخەنچىلىكنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسكە بولغان زىيىنى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

شەيخ ھۈسەين ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ

تەرجىمە قىلغۇچى:  سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ النميمة وآثارها السيئة ﴾

«باللغة الأويغورية»


حسين بن عبد العزيز آل شيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2009 - 1430

islamhouse.com

# سۈخەنچىلىكنىڭ جەمئىيەت ۋە شەخسكە بولغان زىيىنى

2009-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتنىڭ ئىمامى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللاپ جۈمە نامىزى ئۈچۈن جەم بولغان يۇزمىڭلىغان جامائەتكە "سۈخەنچىلىكنىڭ يەنى كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقى" توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنى مۆمىنلەرگە ئازار يەتكۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەر ۋە مۆمىنلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.» مۆمىنلەرگە ئازار يېتىدىغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى سۈخەنچىلىك بولۇپ، ئۇ بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىش مەقسىتىدە ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى بىر-بىرىگە يۆتكەپ ئاپىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى شەخسنىڭ يېنىغا بېرىپ: پالانى سىزنى مۇنداق-مۇنداق دەيدۇ، سىز توغرىلىق مۇنداق-مۇنداق ئىشنى قىلدى دىسە، ئىككىنچى شەخسنىڭ يېنىغا كېلىپمۇ شۇنىڭدەك سۆزلەرنى دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى توغرىسىدا بىر خىل ئۆچلۈك پەيدا قىلىدۇ. سۈخەنچىلىكنى ئاغزاكى قىلسۇن ياكى خەت ئەۋەتىش ئارقىلىق قىلسۇن ياكى ئىما-ئىشارەت بىلەن قىلسۇن بۇنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. سۈخەنچىلىك، ئاشكارىلاشنى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى

ئاشكارىلاپ قويۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىشنى سۆز قىلغان كىشى ئۆچ كۆرسۇن ياكى گەپ توشۇلغان كىشى ئۆچ كۆرسۇن ياكى باشقىلار ئۆچ كۆرسۇن ئوخشاش. ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ھەقىقى سۇخەنچىلىك: "باشقىلارنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىش، باشقىلارنىڭ بىلىپ قىلىشىنى خالىمايدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. كىشىلەردىن، باشقىلار ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كۆرگەن كىشى بۇ توغرىدا سۆزلىمەسلىكى كېرەك. ئەمما مۇسۇلمانغا ئازار يىتىپ قالىدىغان ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنى يوق قىلىدىغان ئىش بولسا سۆزلىشى كېرەك.

سۇخەنچىلىك ئاقىۋىتى يامان بولغان بىر تۈرلۈك جىنايەت بولۇپ، بۇ ئادەت، پەسكەشلەرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈزىدىغان جىنايىتى، بۇ ئىشنى پەقەت ئاجىز، قورقۇنچاق، پەسكەش ناچار كىشىلەر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن.» ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي! ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« سۇخەنچى ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ». ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككەيلەن ھازىر قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار كۆرۈنۈشى ئالاھىدە بولغان چوڭ گۇناھلار سەۋەبى بىلەن ئەمەس بەلكى بىرى تاھارەت سۇندۇرغان ۋاقىتتا كىچىك تاھارەتتىن ساقلانمايتتى(سۈيدۈك

چاچراپ كەتسە پەرۋا قىلمايتتى) يەنە بىرى كىشىلەر ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىپ گەپ توشۇيتتى».

سۇخەنچى، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ قەلبىنى بۇزىدىغان، نامازلىرىنى بىكار قىلىدىغان، دوستلۇققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى يۈزلىمچى، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ناچار ئىنسان ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناچار ـئەسكىلىرى ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر بولۇپ، بىرىنىڭ يېنىغا بىر يۈزى بىلەن، يەنە بىرىنىڭ يېنىغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ». ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرى سۇخەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن ماڭىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دوستلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.... دېگەن». سۇخەنچى جەمئىيەتكە چۈشكەن كۈيە بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ھەرۋاقىت ئاگاھ بولۇپ، مىللەتنىڭ ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىكى نورمال ئالاقىنىڭ راۋاجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەتكۈزۈلگەن گەپ-سۆز ۋە خەۋەرلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن سۆز قىلماسلىق لازىم، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق سۇخەنچىلەرنى بازار تاپقۇزماسلىق كېرەك.

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! تىلىڭىز ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغا ئازار يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىڭ. شەرىئەتتە بېكىتىلگەن مۇھىم قائىدىلەرنىڭ بىرى كىشىلەرگە مەنپەئەت

يەتكۈزۈشتىن باشقا بارلىق سۆزلەردىن تىلىنى ساقلاش بولۇپ، بىر سۆزنى ئېيتىش بىلەن ئېيتماسلىقنىڭ پايدا-زىيىنى ئوخشاش بولسا، بۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزنى ئېيتماسلىق ياخشى، چۈنكى شۇ سەۋەپتىن نورمال ئىش هارام ياكى ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشقا ئۆزگىرىپ قىلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى سۆزلىسە ياخشى سۆز قىلسۇن بولمىسا سۈكۈت قىلسۇن».

سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىنسانلار ئۆزلىرىنى هەرۋاقىت جانابى ئاللاهنىڭ كۆزۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئاللاهنىڭ لەنىتى ۋە دەهشەتلىك ئازابىغا ئۇچرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان بولسا ئىدى، بۇ پەسكەش قىلمىشىدىن دەرهال قول ئۈزگەن بولاتتى. ئۇلار ئاللاهنىڭ غەزىپىدىن ئاگاھ بولۇشى كېرەك. سۇخەنچىلىكنىڭ زىيىنىنى ۋە مەزكۇر قىلمىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بۇزۇقچىلىقنىڭ ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن قىيىن. يەهيا ئىبنى ئەكسەم رەهىمەهۇللاه مۇنداق دەيدۇ: "سۇخەنچى سېهىرگەردىن يامان بولۇپ، سېهىرگەر بىر يىلدا قىلالمىغان ئىشنى سۇخەنچى بىر سائەتتە قىلىپ بولىدۇ. بەزىلەر سۇخەنچىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ زىيىنى شەيتاننىڭ قىلغان ئىشىنىڭ زىيىنىدىن يامان دېگەن، چۈنكى شەيتاننىڭ ئىشى خىيال قىلدۇرۇپ، ۋەسۋەسىگە سېلىش بولسا، سۇخەنچىنىڭ ئىشى يۈز تۇرانە تۇرۇپ گەپ يەتكۈزۈپ، نورمال ئىجتىمائىي ئالاقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى چۈشۈرىدۇ. مىللەت ئارىسىدا بىر بىرىگە ئىشەنمەسلىك، بىر بىرىنى يامان كۆرۈش ۋە ياقتۇرماسلىققا ئوخشىغان

يامان ئادەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل سۇخەنچىلىكتۇر. مىللەت ئارىسىدا ئىشەنچ ۋە ئىتتىپاقلىق يوقايدىكەن، مەزكۇر مىللەتنىڭ كېلىچىكى ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلاندۇرۇپ، سۇخەنچىلىككە ئوخشىغان دىنى ۋە مىللى كۆز قاراش بىردەك قارشى تۇرىدىغان ناچار ئەخلاقلاردىن ساقلىنىشىمىزغا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن......